# ھايات ـ ماماتلىق جەڭ قىلىشتەك ئىرادە بىلەن، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىككىنچىدىن، رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. پۈتۈن شىنجاڭ بىر تاختا شاھمات بولۇش، بىڭتۈەن بىلەن يەرلىك بىر تاختا شاھمات بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۈەن، خەلق ماسلىشىپ بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايون، ئۈرۈمچى شەھىرىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك قوماندانلىق ئىشتابلىرى بىرتۇتاش قوماندانلىق قىلىدىغان، بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرىدىغان، ئايلىنىشى يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولغان ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش قوماندانلىق سىستېمىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ماسلىشىپ بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىدىغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسىنى سىجىل مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يۇقىرى ـ تۆۋەننى تۇتاشتۇرۇش، ئاخىرغىچە ئىزچىللاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، بۇيرۇقنى ئاڭلىغان ھامان ھەرىكەتكە كېلىش، ئىجراسى كۈچلۈك بولۇش، بۇيرۇق، تەلەپنى جەزمەن ئىجرا قىلىشنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، تەدبىرلەرنى يەنىمۇ ئىنچىكىلەشتۈرۈش كېرەك. بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىش، بالدۇر داۋالاش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆتكەلنى ئالدىغا سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، مۇداپىئە سېپىنى مۇستەھكەملەش، چىڭىتىش كېرەك. نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش ئەۋرىشكىسىنى يىغىش، ساقلاش، توشۇش، نەتىجىسىنى يوللاش تەرتىپلىرىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ، تەكشۈرۈش ئۈنۈمى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك؛ تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش سالمىقىنى يەنىمۇ زورايتىپ، يېقىندىن ئۇچراشقۇچىلارنى تېز تېپىپ چىقىپ، مەۋجۇت بولۇش ئېھتىماللى بولغان تارقىلىش يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلاش كېرەك؛ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشتە مۇسبەت چىققانلارنى پۈتۈن جەريانلىق يېپىق ھالقىلىق باشقۇرۇشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك؛ مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىش نۇقتىلىرىدا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خادىملارنىڭ سالامەتلىكىنى كۆزىتىش ـ ئۆلچەشنى ياخشى ئىشلەش كېرەك؛ مەھەللە دائىرىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئائىلىگىچە، ئادەمگىچە ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە مەسئۇلىيەت بىلەن ئەلا مۇلازىمەت كاپالىتىنى ياخشى ئىشلەپ، مەھەللە مۇداپىئە سېپىنى قەتئىي ساقلاش كېرەك؛ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاغرىقلارنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇپ، داۋالاپ، «تۆتنى مەركەزلەشتۈرۈش»تە چىڭ تۇرۇپ، 7 ـ نۇسخىدىكى دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش لايىھەسىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، كۆپ پەنگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، داۋالاشنى قېلىپلاشتۇرۇش، بىرخىللاشتۇرۇش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، ئىستىلنى يەنىمۇ ياخشىلاش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى بەلەي تاش، سىنتاش قىلىپ، چوڭ جەڭ، چوڭ سىناقتا ئىستىلنى سىناپ، ئىستىلنى تاۋلاپ، ئىستىلنى ياخشىلاپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكىگە يۈكسەك مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئاخىرغىچە تۇتۇپ، ھەر ۋاقىت بوشاشتۇرماي، قىلچە بىخەستەلىك قىلماي، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىنچىكە ئىشلاردىن باشلاپ تۇتۇپ، دەل جايىدا كۈچەپ، بىر ھالقا ـ بىر ھالقىدىن چىڭىتىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن بازغانلاپ، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى كەم ـ كوتىسىز پۇختا تۇتۇش، ئىنچىكە تۇتۇش، جايىدا تۇتۇش كېرەك. مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئالمىغان، قىلىدىغاننى قىلمىغان، ئىستىلى تۇراقسىز، خىزمەتتە كۆپتۈرمىچىلىك قىلغان، يۈزەكى ئىشلەپ مەسئۇلىيەتتىن قاچقان، مەسئۇلىيەتنى بىر ـ بىرىگە ئىتتىرىپ، قۇرۇق تالاش ـ تارتىش قىلغانلارغا قارىتا، كەسكىن تۈردە جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش، جاۋابكارلىققا تارتىش كېرەك.

بەشىنچىدىن، كۈچنى يەنىمۇ بىرتۇتاش پىلانلاش كېرەك. گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ قوللىشى بىلەن، دۆلەت، ياردەم بېرىدىغان ئۆلكە، شەھەرلەر، ئاپتونوم رايون، ئۈرۈمچى شەھىرى قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى ئىلمىي بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئەۋزەللىكلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىپ، بىرلىشىپ تىزگىنلەپ، ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىپ، ئالاقىلىشىش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئۇچۇرنىڭ راۋانلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، مەسئۇلىيەتنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەرنىڭ بىرىنچى قول رەھبەرلىرى ئۆزى تۇتۇپ، باش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، رەھبىرى كادىرلار بۆلۈپ ھۆددىگە ئېلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇش، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغانلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار ئاۋانگارتلاردىن بولۇپ، سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، ھەقىقىي تۈردە مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشى، قولىدا تۇتۇشى، ھەرىكەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى جەڭگىۋار قورغانلىق رولى ۋە ئاۋانگارت نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ كۆلەمدە ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئاممىنى تەشكىللەپ، ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئامما ئالدىنى ئېلىش، ئامما تىزگىنلەشنىڭ پۇختا مۇداپىئە سېپىنى بەرپا قىلىشى كېرەك.

# يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرىنى توشۇش، تەقسىملەپ يەتكۈزۈش خىزمىتىنى ئىلمىي، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ياخشى ئىشلەش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تەقسىملەپ يەتكۈزۈش ئەھۋالىنى تەپسىلىي سورىدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرىنى توشۇش، تەقسىملەپ يەتكۈزۈش يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى مۇھىم ھالقا. ئەشيا ئوبوروتى توشۇش، تەقسىملەپ يەتكۈزۈش تارماقلىرى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىللە، خىزمەت سالمىقىنى زورايتىپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرىنى توشۇش، تەقسىملەپ يەتكۈزۈش خىزمىتىنى ئىلمىي، دەل جايىدا، بىخەتەر، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرى تەمىناتى ۋاقتىدا بولۇش، كاپالەت كۈچلۈك بولۇش، تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرىنىڭ مىقدارى تولۇق بولۇش، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىپ باھانى مۇقىملاشتۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى پۇختا ماددىي ئەشيا كاپالىتى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ئاپتونوم رايوندىكى قاتناش ـ ترانسپورت تارماقلىرى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى ئەشيا ئوبوروتى توشۇش، تەقسىملەپ يەتكۈزۈش كارخانىلىرى بىلەن بولغان ئۇدۇللىشىش، ئالاقىلىشىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن كۈچەيتىپ، مەسىلە يۆنىلىشى، نىشان يۆنىلىشى، نەتىجە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ۋاقتىدا ياردەم بېرىشى، بولۇپمۇ ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى كۆزلىشى كېرەك. توشۇش، تەقسىملەپ يەتكۈزۈش تەرتىپىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەم توشۇش، تەقسىملەپ يەتكۈزۈشنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى يېپىق ھالقىلىق باشقۇرۇشتىن ئىبارەت يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرىنى قاتتىق، ئىنچىكە، پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، يەنە توشۇش «يېشىل يولى» ئېچىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرىنى توشۇش، تەقسىملەپ يەتكۈزۈشنىڭ راۋان، توسالغۇسىز، قولايلىق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئەڭ كۈچەيدىغان ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مەزگىلىدە تۇرماقتا، ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى قىلىدىغان قەيسەر ئىستىلنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېپىق شەكىلدە باشقۇرۇشقا دائىر تۈرلۈك تەلەپلەرنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قەتئىي تۈردە تۈرلۈك جايىدا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. كۈچنى ئىلمىي تەڭشەپ، تەقسىملەپ، ماددىي ئەشيا كاپالىتى خىزمىتىنى بىخەتەر، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ياخشى ئىشلىشى كېرەك. چىن قەلب، چىن ھېسسىيات بىلەن ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، پىسخىكىلىق يېتەكلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى ئۆيىدە خاتىرجەم تۇرىدىغان، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە زىچ ھەمكارلىشىدىغان قىلىش كېرەك.

# پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 14 شەھەرنىڭ ئەلا سۈپەتلىك كۈن سانى بىردەك كۆپەيدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت نازارىتى ئاتموسفېرا مۇھىتى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى شيۇڭ جيەنشىن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئەلا سۈپەتلىك كۈن سانى كۆپىيىش بىلەن بىللە، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزدا قۇم ـ بورانلىق ھاۋا رايىنىڭ كۆرۈلۈش قېتىم سانى، سىجىللىقى ۋە تەسىر كۆرسەتكەن شەھەرلەر سانى كۆپىيىپ، نۇقتىلىق رايونلاردىكى ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ھاۋا مۇھىت سۈپىتىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى.

بۇ يىل 5 ـ ئايدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىز «ئۈرۈمچى ـ سانجى» رايونىدا ئىسسىنىش مەزگىلىدىن باشقا پەسىللەردىكى چاڭ ـ توزاننى تۈزەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى ھەم پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ ئالاقىدار خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىگە يېتەكچىلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەرقايسى جايلارنىڭ «كۆك ئاسماننى قوغداش جېڭى» ئۈچ يىللىق ھەرىكەت پىلانى بويىچە، ياز پەسىللىك ۋاقىت بۆلىكىدە VOC(پارلىنىشچان ئورگانىك بىرىكمە)نى باشقۇرۇش ـ كونترول قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشقا يېتەكچىلىك قىلدى؛ پولات ـ تۆمۈر، ئوت ئېلېكتر، سېمونت قاتارلىق نۇقتىلىق كەسىپلەرنى باشقۇرۇش ـ كونترول قىلىشنى چىڭ كۆزلەپ، پولات ـ تۆمۈر سانائىتىدە بۇلغىمىنى دەرىجىدىن تاشقىرى تۆۋەن قويۇپ بېرىش ھەم VOC، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى قاتارلىق كەسىپلەردە ئۆلچەمنى ئۆستۈرۈش، ئۆزگەرتىپ ياساشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، كۈز، قىش پەسلىدە ئاتموسفېرا بۇلغىنىشنى تۈزەشنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سالدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى يۇ جىڭجىن، تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى لىي جېڭلۇڭ ۋە مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا، مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى ئېلىپ تەكشۈرۈش، تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە مەنبەدىن تەكشۈرۈش، تېببىي كۆزىتىش، مەھەللە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، مۇھىتنى دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش، كۈچنى بىرتۇتاش پىلانلاش، ئۇچۇردىن ئورتاق بەھرىلىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى توغرىسىدا قاراتمىلىقى بار پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يۇ شۆجۈن ھازىرقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىپ، كېيىنكى قەدەمدىكى نۇقتىلىق خىزمەت تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: ئۈرۈمچى شەھىرىدە يېقىندىن بۇيان يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، بىرىنچى ۋاقىتتا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى؛ گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىغا، كەڭ دوختۇر ـ سېستىرالار بىلەن بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولۇپ، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى كۈچلۈك، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتتى. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىش، بالدۇر داۋالاشتا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى سىجىل ئۆستۈرۈپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىدە ئۆتكەلنى ئالدىغا سۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە مەنبەدىن تەكشۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇپ، يۇقۇمنى كۆزىتىپ ئۆلچەش خىزمىتىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ قانات يايدۇرۇپ، «تۆتنى مەركەزلەشتۈرۈش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاغرىقلارنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇپ داۋالاپ، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشتە مۇسبەت چىققانلارنى پۈتۈن جەريانلىق، پۈتۈن دەۋرىيلىك يېپىق ھالقىلىق باشقۇرۇشنى قاتتىق يولغا قويۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ھەرقايسى ھالقىلارنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچنى شەكىللەندۈرۈپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توغرىسىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باشتىن ـ ئاخىر خەلق مەركەز قىلىنغان خىزمەت يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي تۈردە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ھازىرقى ئەڭ مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە تۇتۇپ، ئىشەنچنى چىڭىتىش، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈش ئومۇمىي تەلىپى بويىچە، گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى ۋە مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئىلمىي يېتەكچىلىكىدە، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، مەسىلە يۆنىلىشى، ئۈنۈم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «تۆت بالدۇر» تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت تەرەپ»نىڭ مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ چىڭىتىپ، پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، كەم ـ كوتىسىز ھالدا تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئۈرۈمچى شەھىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ماسلىشىپ بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىدىغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسىنى يەنىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئېھتىياجىنى چۆرىدەپ، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىش نۇقتىلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ۋە مۇداپىئەلىنىشكە يېتەكچىلىك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەھەللە باشقۇرۇشنى چىڭىتىپ، بىرخىللاشقان، قېلىپلاشقان قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشنى ئىلمىي قانات يايدۇرۇپ، دوختۇرخانىلاردا يۇقۇملىنىش يۈز بېرىشنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىپ، ماددىي ئەشيا تەمىناتىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىپ، بىرتۇتاش قوماندانلىق قىلىش، بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، قەتئىي تۈردە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش ۋە ئۇنىڭدا غەلىبە قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ مىڭشەن، لىيۇ جيەنشىن، ۋەن خەيچۈەن، ياڭ يۈك قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى يېڭىدىن كۆپەيگەن ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى ۋە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار

# مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىلىۋاتقانلارنىڭ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىلغاپ چىقىلغان

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىلغاپ چىقىشتا بايقالغان بولۇپ، مەھەللىلەردە يېڭىدىن تارقىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ.

8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سائەت نۆلدىن سائەت 24كىچە، ئۈرۈمچى شەھىرى دوكلات قىلغان يېڭىدىن كۆپەيگەن يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 27، يېڭىدىن كۆپەيگەن كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى 12. 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سائەت 24كىچە، ئۈرۈمچى شەھىرىدە ھازىر بار بولغان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 634، ھازىر بار بولغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى 128. 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى سائەت نۆلدىن 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سائەت 24كىچە، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى جەمئىي 59، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن 46 يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى.

ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىدا 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن بۇيان دولقۇنسىمان تۆۋەنلەش كۆرۈلدى. يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش جەريانىدا، كېسەل قوزغىلىشنىڭ ئومۇمىي سەۋىيەسى تۆۋەنلەيدىغان، ئەمما يەنە كىچىك ھەجىمدە داۋالغۇش ئەگىشىپ كېلىدىغان ئەھۋاللار دائىم كۆرۈلىدۇ. نۆۋەتتە شەھەر بويىچە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتى يەنىلا كەسكىن، قىلچە بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا يول قويۇلمايدۇ.